# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

## 4

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: سەلەي قاسىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

AltunOq

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئا. ئومەر

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

( 4 )

نەشرگە تەييارلىغۇچى سەلەي قاسىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا 306 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇددا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 م.م 1/32 باسما تاۋىقى: 3.875
1983 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098.733
تىرازى: 1—16.000
باھاسى: 0.22 يۈەن

# مۆندەرىجە


قەمبەرنىسا ............................... ( 1 )

قەمبەرنىسانىڭ سىڭلىسىنىڭ غەزىلى ............. ( 5 )

قەمبەرنىسانىڭ دوستىنىڭ غەزىلى ............... ( 6 )

ئانام قۆنىخان ............................... ( 8 )

گۆلمەرەم ..................................... ( 16 )

روزىلەم ...................................... ( 25 )

يىتىم ناخشىسى ................................ ( 33 )

بىيىتنامە ..................................... ( 38 )

يار قوشىغى .................................. ( 40 )

دوست خېنىم .................................. ( 43 )

هەي دادەي .................................... ( 44 )

گۆلئايىم ..................................... ( 46 )

گۆزەل ئاتۇش ................................ ( 47 )

سەيىدگۆل ..................................... ( 49 )

يارۆي ........................................ ( 51 )

ئەل ئامان ..................................... ( 53 )

تۆمۆچۆغۆم سايرايدۆ ......................... ( 54 )

كاككۆك ...................................... ( 55 )

هويلاڭىدىكى ئۆژمەڭنىڭ ....................... ( 57 )

ئامبال ........................................ ( 59 )

ئايالىرىم ..................................... ( 60 )

يارىم بار مېنىڭ ............................. ( 63 )

كورەرمەنمۇ ياردىمنى ............................ ( 64 )
چىمچاچاق ........................................ ( 66 )
قارىغاي ........................................... ( 69 )
ئامەت ............................................. ( 71 )
ئويلاپ باقىمەن ................................... ( 74 )
سارىگۇل ........................................... ( 76 )
جېنىم جورام ...................................... ( 77 )
تار جاھان ......................................... ( 78 )
دەيدۇ ............................................. ( 80 )
ياتىمەم ........................................... ( 82 )
ئامىنەم ........................................... ( 84 )
خالىدەم (داستان) ............................... ( 94 )

# قەمبەرنىسا

قەمبەرنىسا بىر گۈل ئىدى،
شوخ سايرىغان بۈلبۈل ئىدى.
ئېچىلمىغان غۇنچە ئىدى،
دەسسەپ پەلەك چىڭ يەنچىدى.
ئاڭلا جاھان، ئەيلەي بايان،
قىسمەتلىرى بولسۇن ئايان.

قەمبەرنىسا ـ قەمبەرنىسا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا.
قەمبەرنىسا ـ قەمبەرنىسا،
ئۆتۈڭ يامان قەمبەرنىسا.
ئەيلەي بايان، بولسۇن ئايان،
كەچمىشلىرىڭ باغرىم بالام.
ئېچىلمىغان غۇنچە ئىدىڭ،
بوينۇمدىكى ئۈنچە ئىدىڭ.
ئاسماندىكى ئايىم ئىدىڭ،
ئۆسكەن نوۋەي تالىم ئىدىڭ.
نۇر چاقنىغان يۇلتۇز ئىدىڭ،
سۇمبۇل چېچى قۇندۇز ئىدىڭ.

يا ھەسرىتا – نادامىتا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا.
قەمبەرنىسا – قەمبەرنىسا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا.
چاقتى سېنى يىلان – چايان،
قىستى سېنى بۇ تار زامان.
ئاپپاق ساقال بىر چال ساڭا،
سالدى بالام چاڭگال ساڭا.
ئاكاڭ سېنىڭ زالىم ئىدى،
تەگ دەپ سېنى بەك زورلىدى.
توي ئاخشىمى قاچتىڭ بالام،
زۇلۇمغا تاش ئاتتىڭ بالام.
يا ھەسرىتا، بىلمەپتىمەن،
بۇنداق بولار دىمەپتىمەن.
سۇغا ئېتىپ ئۆزەڭنى سەن،
قانداقچە يۇمدۇڭ كوزۇڭنى سەن.
ياقا يىرتىپ تۇتتۇم ھازا،
كەلدى ماڭا بالا – قازا.
دەردىڭدە مەن، رەڭگىم سامان،
ماڭا بالام باقماس زامان.
بايلار بالام خۇددى چايان،
ئوڭدا يېتىپ تاپتى ھايان.
بىز ئىشلىسەك ئالماي ئارام،
زار قاخشىغان تەگمەي سامان.

..................................

..................................

ئاڭلا جاھان ئاھىمنى سەن،
كورگىن مېنىڭ زارىمنى سەن.
قىسمەتلىرىڭ بارمۇ يەنە؟
قىلغانلىرىڭ ئازمۇ يەنە؟
يەتتى ماڭا كۈلپەت زۇلۇم،
قاپقان – تۇزاق ئوق ۋە سولۇم.
ئالدىم تىلەك يار ....
كەينىم دوزاخ ....
ھەسرەت – پۇغان چەكتىم ئۇزاق.
ئالەم ساڭا ئېيتاي سوزۇم،
يوقكەن سېنىڭ مۇتلەق يۈزۈڭ.
ئەجەپ تولا ئەزدىڭ مېنى؟
چايناپ يۇتاي دەمسەن مېنى؟
قانخور پەلەك، زالىم پەلەك،
قان – زەرداپقا تولدى يۈرەك.

قەمبەرنىسا – قەمبەرنىسا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا.
دۇنيا ھارام بولدى ماڭا،
قالدى ئاناڭ يالغۇز مانا.
قەمبەرنىسا، بىر گۈل ئىدىڭ،
شوخ سايرىغان بۇلبۇل ئىدىڭ.
شۇنداق توزۇپ كېتەمسىنا؟
يالغۇز مېنى قويامسىنا؟

يا، ھەسرەتتا، نادامەتتا،
قانداق قىلاي قەمبەرنىسا؟
يا، ھەسرەتتا، نادامەتتا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا.
يا، ھەسرەتتا، نادامەتتا،
قانداق قىلاي قەمبەرنىسا.
قەمبەرنىسا ـ قەمبەرنىسا،
قانداق قىلاي قەمبەرنىسا؟
يا، ھەسرەتتا، نادامەتتا!
نادامەتتا، نادامەتتا ....!

# قەمبەرنىسانىڭ سىڭلىسىنىڭ غەزىلى

ئايدىن چىرايلىق ئاچام سېنى،
ئولۇپ كېتەر دېمەيتتىمەن.
كۈندىن چىرايلىق ئاچام سېنى،
تۆگەپ كېتەر دېمەيتتىمەن.
بىلمەيتتىمەن، بىلمەيتتىمەن،
بۇنداق بولارسەن دېمەيتتىمەن.

ئالەم سېنى كەڭ دەيدىكەن،
قېنى سېنىڭ كەڭرىلىگىڭ؟
ئاسمان - زېمىن بەرگىن جاۋاپ،
قېنى مېنىڭ قەدىرلىگىم؟
بىلمەيتتىمەن، بىلمەيتتىمەن،
داغدا قالارمەن دېمەيتتىمەن.

# قەمبەرنىسانىڭ دوستىنىڭ غەزىلى

قەمبەرنىسا ـ قەمبەرنىسا،
ئەزدىڭ مېنىڭ كوڭلۇمنى سەن.
شۇنداق خازاڭ قىلامسىنا،
گۈلدىن گۈزەل ئۆمرۈڭنى سەن.
قەمبەرنىسا ـ قەمبەرنىسا.
جېنىم دوستۇم قەمبەرنىسا.

چاقماق چېقىپ، يامغۇر يېغىپ،
چىقتى بوران، كەلدى قىيان.
ماتەم تۇتۇپ، مۈڭ ياغدۇرۇپ،
غەم ـ قايغۇغا چومدى جاهان.
قەمبەرنىسا ـ قەمبەرنىسا،
قانداق قىلاي قەمبەرنىسا.

بۇ دۇنياغا بىز قىز بولۇپ،
تۇغۇلمىساق بولۇپتىكەن.
گۈل هوسنىڭىز قەمبەرنىسا،
ئوزدىڭىزگە بولدى تىكەن.
قەمبەرنىسا ـ قەمبەرنىسا،
بىزگە ئۇۋال قەمبەرنىسا.

ئاه دوستىما - جان دوستىما،
تاشلاپ مېنى كېتەمسىنا.
قەمبەرنىسا - قەمبەرنىسا،
تاشلاپ مېنى كېتەمسىنا.
قانداق قىلاي قەمبەرنىسا،
قەمبەرنىسا - قەمبەرنىسا.


AltunOq

## ئانام قۇنىخان

ئانا مېھرىدىن،
ئىسسىق نەرسە يوق.
ئانا رىشتىدىن،
پىششىق نەرسە يوق.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

تۇغۇپ چوڭ قىلغان،
ئالتە بالىنى.
بىر ئۆزى قىلغان،
ئۆينىڭ كارىنى.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

دادام ھەپسىگە،
كىرىپ كەتكەندە.
دىگەن چارە يوق،
بىزدەك دەرتمەنگە.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

دادامدىن كەلسە،
شۇم خەۋەر ... ئاڭلاپ،
قالدىڭ ئەمەسمۇ
زار - زار يىغلاپ.
ۋاي ئانام قۇنىخان
ۋاي دادام كارۋان.

ئوتتۇڭ دۇنيادىن
دەردىڭ بەك تولا.
بىۋاپا ئالەم،
باقمىدى ساڭا.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

ئالتە بالاڭنىڭ،
ھەممىسى نەدە؟
تىنمىگەن قۇشتەك،
كەتتى ھەر يەرگە.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

كەتتى بىر ئاكام،
ھاجى بولاي دەپ.
بىرسى سودىغا،
كوپ پۇل تاپاي دەپ.

ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

ئىككى ئاچامنىڭ،
ئۆيىمۇ يىراق،
يۈرەك – باغرىمنى،
ئەزدىغۇ پىراق.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

سىڭلىم ئاسىمە،
تېخى ئالتە ياش.
مەن دەرتتە ئۆيدە.
قالدىم يالغۇز باش.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

قالدى قۇپ – قۇرۇق،
ئايۋان سارايلار،
قالدى چۆلسىرەپ،
ھويلا ھەم باغلار.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

باغدىكى ئۈرۈك،
ئەنجۈر ھەم ئانار،

قاغجىراپ قاپتۇ،
كورسەم مۇك ياغار.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

قوغۇن ـ تاۋۇزدىگىز،
سەۋزە ـ چامغۇردىگىز،
تەلمۇرۇپ يىغلاپ،
قالدى يالغۇزدىگىز.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

يۇۋاشلاپ كەتتى،
قوي، كالا، ئىشەك.
سىزنى ئويلىسام،
يېرىلار يۇرەك.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

ئارقىغا چىقسام،
باسقان ئىزدىگىز،
ئاھ قانداق قىلار،
يالغۇز قىزدىگىز.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

ئاق قۇشقاچ توپ - توپ،
ۋىچىرلىشىدۇ.
سىزنى ياد ئېتىپ،
پىچىرلىشىدۇ.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

قانداق قىلىمەن،
قانداق ئېتىمەن،
ئولۇپ كېتىمەن،
تۇگەپ كېتىمەن.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

ۋاي ئانام - ئانام،
دولىتىم ئانام.
ماڭسام يېنىڭدا،
سولىتىم ئانام.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

* * *

تېخى ئاخشام،
ماڭا قاراپ،


Altunoq

كوزدگه ياش،
ئالغان ئانام.

يىتىم بولۇپ
قالدىڭ بالام،
دەپلا گىرە
سالغان ئانام.

يىغلاپ تۇرۇپ،
غەمىمنى يەپ،
چاچلىرىمنى
سىلىغان ئانام.

ئالتە بالام،
ئالتە بالام،
دەپ ھەمىشە
ئويلىغان ئانام.

* * *

ئاكام كەلسە نىمە دەيمەن؟
ئاچام كەلسە نىمە دەيمەن؟
ئۇكام كەلسە نىمە دەيمەن؟
مەن سىڭلىمغا نىمە دەيمەن؟

مەن يىغلىسام ئاھ! ئانىما،
ئىچىمگە پاتماس دەرتلىرىما.
يۈرىگىمدە بەك تولا،
قالالمىغان گەپلىرىما.

گەپلىرىما - گەپلىرىما،
يۈرەكتىكى گەپلىرىما.
تۈگىمەيدۇ ئېيتقانغا،
ئىچىمدىكى دەرتلىرىما.

ۋاي يۈرىگىم - ۋاي يۈرىگىم،
تاشلاپ كەتتىڭ ئەمەسمۇ.
مەن بالاڭنىڭ كوزىنى،
ياشلاپ كەتتىڭ ئەمەسمۇ.

دورا قىلاي - دورا قىلاي،
مەن ئايلىنىپ دورا قىلاي.
دەرت - ئەلەمنى مەن سوزلەپ،
سەن ئانامغا قەۋرە قىلاي.

سەۋرى قىلاي - سەۋرى قىلاي،
مەن نىمىشقا سەۋرى قىلاي.
سەن ئانامنىڭ قەۋرىسىنى،
يىغلاپ تۇرۇپ دورا قىلاي.

*　　*　　*

ئاق باغلىدىم بېلىمگە،
گەپ كەلمەيدۇ تىلىمگە.
نوغۇچ ئالدىم قولۇمغا،
مەن يىغلايمەن ئاھ ئۇرۇپ.

تېرىق ئالدىم تۇلۇمغا،
مەن غېرىپ بىر بولۇڭدا.
چىقىپ قەۋرە بېشىغا
مەن يىغلايمەن ئاھ ئۇرۇپ.

# گۈلمەرەم

جىنەستەيۇ – جىنەستە گۈلمەرەم،
بىزنىڭ باغدا جىنەستە، گۈلمەرەم.
سەن يارىم چىرايلىقتا گۈلمەرەم،
تىزىپ كەلدىم گۈلدەستە گۈلمەرەم.

ئۇستەڭ بويىدا ئەمەن گۈلمەرەم،
يەلپۈنەر ئەجەپ بەلەن، گۈلمەرەم.
ۋاقتىدا بارالمىدىم گۈلمەرەم،
مەن يارغا نىمە دەرمەن گۈلمەرەم.

كوكىلەيۇ – كوكىلە گۈلمەرەم،
مىنىڭ يۇرتۇم كوكىلە گۈلمەرەم.
سەن يارىمنىڭ بويىدىن گۈلمەرەم،
ئىپار – ئەمبەر توكۈلەر گۈلمەرەم.

شىتارچىنىڭ بىشىدا، گۈلمەرەم،
سۈزۈك، بۇلاق سۈيى بار گۈلمەرەم.
يار جىلغىدا – بوستاندا، گۈلمەرەم،
سەن يارىمنىڭ ئويى بار گۈلمەرەم.

ھەپتە دىگەن سەككىز كۈن گۈلمەرەم،
ئۈنىڭ سەككىز تۈنى بار گۈلمەرەم.
بۇلدۇقلىغان بۇلاقتا گۈلمەرەم،
سەن يارىمنىڭ ئۈنى بار گۈلمەرەم.

بىر ئاي دىگەن ئوتتۇز كۈن گۈلمەرەم،
ئۈنىڭ ئوتتۇز تۈنى بار گۈلمەرەم.
راۋابىمنىڭ قارنىدا گۈلمەرەم،
سەن يارىمنىڭ ئۈنى بار گۈلمەرەم.

ئىت يول بىلەن ماشمايمەن گۈلمەرەم،
يولى تار داۋانى بار گۈلمەرەم.
ئومۇر دىگەن ئاتقان ئوق گۈلمەرەم،
بەك تولا ئارمانى بار گۈلمەرەم.

بىزنىڭ يۇرتتا تاش تولا گۈلمەرەم،
تاشتىن تولا ئاش تولا گۈلمەرەم.
سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا گۈلمەرەم،
ئويلەنمىگەن ياش تولا گۈلمەرەم.

ئاتۇش دىگەن ئوبدان يۇرت گۈلمەرەم،
ئىككى تاغنىڭ ئارىسى گۈلمەرەم.
گۈلمەرەم دەپ ئۈنلەيدۇ گۈلمەرەم،
راۋابىمنىڭ تارىسى گۈلمەرەم.



AltunOq

دۇشەنبە بازار دەيدۇ گۇلمەرەم،
مەن باراي بازارلىققا گۇلمەرەم.
خۇدا مېنى قوشماپتۇ گۇلمەرەم،
سەن ياردىمدەك نازلىققا گۇلمەرەم.

قەشقەر دىگەن يەرلەردە گۇلمەرەم،
بەش ـ توت كۇن يۇرۇپ كەلدىم گۇلمەرەم.
ساڭا ئاتاپ بىلىمگە گۇلمەرەم،
قەنت ـ ناۋات تۇگۇپ كەلدىم گۇلمەرەم.

قاپاق تېرەك تۇۋۇدە، گۇلمەرەم،
سەگىدەمسەن گۇلمەرەم ـ گۇلمەرەم.
ئەتراپىمدا لاچىندەك گۇلمەرەم،
ئەگى دەمسەن گۇلمەرەم ـ گۇلمەرەم.

جىگدىلەر پۇراپ قاپتۇ گۇلمەرەم،
دىمىغىڭنى يارغۇدەك گۇلمەرەم.
مېنىڭ ياردىم كەلگىچە گۇلمەرەم،
ئېتى هېرىپ قالغۇدەك گۇلمەرەم.

ئىشىك ئالدى چىغىر يول گۇلمەرەم،
ماڭسام ئايىغى سازلىق گۇلمەرەم.
يۇرىگىمنى كويدۇرگەن گۇلمەرەم،
سەن ياردىم لىۋەن نازلىق گۇلمەرەم.

قول ئىلكىمدە يوقىدىن گۈلمەرەم،
تاغ ئارقىسىغا كەتتىم گۈلمەرەم.
بېشىمنى ئېلىپ كېتىپ گۈلمەرەم،
قۇتۇلاي دىدىم دەرتتىن گۈلمەرەم.

ئويدىن چىقىپ كەچقۇرۇن گۈلمەرەم،
بارغان يېرىم چۆشۈرگە گۈلمەرەم.
ئەقلىك بولسا ئامرىغىم گۈلمەرەم،
ئىشق ئوتۇڭنى ئوچۇرمە گۈلمەرەم.

سەھەر چىقىپ پىشىندا گۈلمەرەم،
بارغان يېرىم ئودەكلىك گۈلمەرەم،
ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا گۈلمەرەم،
قىلما زادى گۆدەكلىك گۈلمەرەم.

سەھەر تۇرۇپ ئەتىسى گۈلمەرەم،
باردىم تۇڭگان مازارغا گۈلمەرەم.
كوڭلۇم چۈشتى بىر كورۇپ گۈلمەرەم،
قىزدىق كالتە بازارغا گۈلمەرەم.

يېتىپ باردىم ئەتىسى گۈلمەرەم،
ئەل ياتقۇدا بەشتامغا گۈلمەرەم.
ئۈيقۇ دىگەن ھارامكەن گۈلمەرەم،
قوساق تازا ئاچقاندا گۈلمەرەم.

ئانار كولده ياتمىدىم گۆلمەرەم،
يېتىشۋالدىم تۇمشۇققا گۆلمەرەم.
ئىزلەپ - سوراپ دەڭجانى گۆلمەرەم،
ئۇچراپ قالدىم ئۇششۇققا گۆلمەرەم.

مارالۋېشى دىگەن شەدە گۆلمەرەم،
بەش - ئوت كۆن تۇرۇپ قالدىم گۆلمەرەم.
سېنى ئېلىپ يادىمغا گۆلمەرەم،
بولەكچە بولۇپ قالدىم گۆلمەرەم.

پىچاق سۇندى دىگەن يەردىن گۆلمەرەم،
ئوتۇپ كەتتۇق كېچىسى گۆلمەرەم.
بەك يوغان ئىكەن كورسەڭ گۆلمەرەم،
نانغا سالغان تۇكچىسى گۆلمەرەم.

بىز ئاچالغا بارغاندا گۆلمەرەم،
سەلەپ كەلدى شاقىراپ گۆلمەرەم.
سۇغا كىرسەم كەلپىنلىك گۆلمەرەم،
توختا دىدى ۋاقىراپ گۆلمەرەم.

كونا چىلان - يېڭى چىلان گۆلمەرەم،
ئىككىلىسى بىر چىلان گۆلمەرەم.
كېتىۋاتساق بىز چولدە گۆلمەرەم،
ئۇچراپ قالدى ئوق يىلان گۆلمەرەم.

سانچىپ قويغان يۇلغۇننىڭ گۆلمەرەم،
تايىغىمۇ دىيىشتۇق گۆلمەرەم.

چېقىلغانغا بىكاردىن گۈلمەرەم،
مىڭ بىر پۇشمان يېيىشتۇق گۈلمەرەم.

يەتتە قۇدۇق، ئايدىڭكول گۈلمەرەم،
ئوتەڭلەرنىڭ سەر خىلى گۈلمەرەم.
كولايدىكەن قۇدۇقنى گۈلمەرەم،
تىنىپ كەتكەچ ھەر يىلى گۈلمەرەم.

يېتىپ باردۇق ئاقسۇغا گۈلمەرەم،
ئەگىز سۇيى ئاققاندا گۈلمەرەم.
چىقىپ قالدى بىر ھەمرا گۈلمەرەم،
بېشىم تازا قاتقاندا گۈلمەرەم.

ئاقسۇدىن چىقىپ كەچتە گۈلمەرەم،
يېتىپ باردۇق جامغا بىز گۈلمەرەم.
كوزىمىزنى ئاچالماي گۈلمەرەم،
مېڭىپ توپا ـ چاڭدا بىز گۈلمەرەم.

مەنزىل قارا يۇلغۇنغا گۈلمەرەم،
ماڭدۇق بىر كۈن چول كېزىپ گۈلمەرەم.
ئالدىمىزدا قىزىلتاغ گۈلمەرەم،
قاراپ تولا كۆز سىزىپ گۈلمەرەم.

ئۈچ كۈن يۈرۈپ كېچىلەپ گۈلمەرەم،
تامغاتاشقا باردۇق بىز گۈلمەرەم.

رازى قىلىپ دەڭجانى گۈلمەرەم،
بىر كۈن ئارام ئالدۇق بىز گۈلمەرەم.

شىپالىق دىگەن يەردە گۈلمەرەم،
ئۈخلىماي تاڭ ئاتقۇزدۇق گۈلمەرەم.
مال ـ ۋاراندىن ئەنسىرەپ گۈلمەرەم،
يېنىمىزدا ياتقۇزدۇق گۈلمەرەم.

دالدا بولدى بورانغا گۈلمەرەم،
شىۋىرغانغا شىپالىق گۈلمەرەم.
مۈز داۋانغا بىر قاراپ گۈلمەرەم،
باشقا چۈشتى دىشۋارلىق گۈلمەرەم.

بارسا كەلمەس دەيدىكەن گۈلمەرەم،
مۈز داۋاندا بىر يولنى گۈلمەرەم.
چوڭقۇر هاڭ، تىك، مۈزلۈق يول گۈلمەرەم،
سىنايدىكەن ئوغۇلنى گۈلمەرەم.

مۈز داۋاندىن ئاشقىچە گۈلمەرەم،
يۈرتنى ئەسلەپ يىغلىدىم گۈلمەرەم.
جاندىن نەچچە جاق تويۇپ گۈلمەرەم،
هىچ كىشىگە تىنمىدىم گۈلمەرەم.

ئىلىخوغا بارغىچە گۈلمەرەم،
ماڭدۇق دەريا ياقىلاپ گۈلمەرەم.


AltunOq

غايىۋانە قول كېلىپ گۈلمەرەم،
يۈرىگىمنى تاتىلاپ گۈلمەرەم.

ئىلىخونىڭ بازىرى گۈلمەرەم،
يىتىمچىگە تار ئىكەن گۈلمەرەم.
يوقسۇللارغا دەرت ـ ئەلەم گۈلمەرەم،
ھەممە يەردە بار ئىكەن گۈلمەرەم.

گۈڭتۇ كېلىپ سورايدۇ گۈلمەرەم،
سەن ئىشلەمسەن خاڭدا دەپ گۈلمەرەم.
تېگىشەمسەن بىر يولى گۈلمەرەم،
ئەزىز جاننى نانغا دەپ گۈلمەرەم.

كەتكۈم بارۇ ـ كەتكۈم بار گۈلمەرەم،
ئوز يۇرتۇمغا كەتكۈم بار گۈلمەرەم.
بىللە بولۇپ سەن بىلەن گۈلمەرەم،
مۇرادىمغا يەتكۈم بار گۈلمەرەم.

ياش باللا ـ نادان باللا گۈلمەرەم،
يۇرتۇڭلارغا كېتىڭلار گۈلمەرەم.
كېتىپ ئارزۇ ـ مەقسەتكە گۈلمەرەم،
بىر يولىلا يېتىڭلار گۈلمەرەم.

ياردىم سورىسا مېنى گۈلمەرەم،
يۈرىدۇ ئامان دەڭلار گۈلمەرەم.

ئۆز يۇرتىنىڭ ئىشقىدا گۈلمەرەم،
يۈز-كۆزى سامان دەڭلار گۈلمەرەم.

بىر كۆزى ياش، بىر كۆزى گۈلمەرەم،
زەرداپ بىلەن قان دەڭلار گۈلمەرەم.
ياقا يۇرتتا ساقلىماق گۈلمەرەم،
بەك تەس ئىكەن جان دەڭلار گۈلمەرەم.

بارغۇم بارۇ – بارغۇم بار گۈلمەرەم،
يار قېشىغا بارغۇم بار گۈلمەرەم.
قوشاققا قېتىۋېلىپ گۈلمەرەم،
يار كۆڭلىنى ئالغۇم بار گۈلمەرەم.

گۈلمەرەم، گۈلمەرەم، گۈلمەرەم،
جېنىم مەرەم، جېنىم مەرەم، جېنىم مەرەم-
.. ... ... ... ... ... ... ...

# روزىلەم

روزىلەم ئوبدان بالا،
شاتىۋادا كوينىگى.
بىر تېپىشقان ئەمەسمۇ،
ئىككىمىزنىڭ يۈرىگى.
روزىلەمما — روزىلەم،
قوينىڭ بالىسى قوزىلەم.

روزىلەمنىڭ هويلىسى،
چوخچىدىكى كەڭلىكتە.
روزىلەمگە كويدۈم دەپ،
ئەمدى قالدىم تەڭلىكتە.
روزىلەمما — روزىلەم،
بىللە ئوتسەم سەن بىلەن.

ئوز ئويۈمنىڭ يوقىدىن،
دەڭدە باتتىم ئەمەسمۇ.
روزىلەمنىڭ دەردىدە،
هاڭدا ياتتىم ئەمەسمۇ.
روزىلەمما — روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

باغ ئىكەنا، باغ ئىكەن،
ئەنجان تاملىق باغ ئىكەن.
روزىلەمنى ماڭا بەرسە،
بويى بويۇمغا چاغ ئىكەن.
ئاللا - ئاللا روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

كاتتايلاقتا بارغىچە،
ناخشا ئېيتتىم هارغىچە.
چىق ئويۇڭدىن روزىلەم،
كوروۋالاي قانغىچە.
روزىلەمما - روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
تاپالمىدىم، ساپالمىدىم.
روزىلەمنىڭ دەردىدە،
تولغىنىپ ياتالمىدىم.
روزىلەمما - روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

سۇغا چىقتىم كولچەككە،
كوزۇم چۈشتى ئودەككە.
ئومرۇم بويى كويمەسمەن،
روزىلەمدىن بولەككە.

روزىلەمما ـ روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

يوقۇردىدىن كەلگەنسەن،
جىگدىگە بولەنگەنسەن.
مېنى قىيناپ روزىلەم،
نىمىشقىمۇ تورەلگەنسەن.
روزىلەمما ـ روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

قوغۇن يىدىم ئايدىڭدا،
قوغۇزلۇقتا ـ باراڭدا.
ھېچ نىمەڭ تەڭ كەلمەيدۇ،
كوڭۈل دىگەن ساراڭغا.
روزىلەمما ـ روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

ئامراق ئىكەن قىز باللا،
تاۋار ـ دۇردۇن كىيىشكە.
روزىلەمنى كورگەندە،
لاغىلدايمەن نىمىشكە؟
روزىلەمما ـ روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

ئامراق ئىكەن قىز باللا،
شايى ـ ئەتلەس كىيىشكە.


AltunOq

ئۇ دۇنياغا بارغاندا،
ئاشىق كىرسۇن بەھىشكە.
روزىلەمما - روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

روزىلەمنىڭ ئۆيىگە،
كۈندە بارغۇم كېلىدۇ.
روزىلەمنى گۈل قىلىپ،
قىسىۋالغۇم كېلىدۇ.
روزىلەمما - روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

سۇ بويىدا تۇرۇپلا،
تاتلىق سوھبەت قۇرۇپلا.
ئەقلىڭ بولسا روزىلەم،
مېنى ھەرگىز ئۇنۇتما.
روزىلەمما - روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

كاتتايلاقنىڭ يولىغا،
پېتىپ قالدى ھارۋىلار.
روزىلەمگە قەست قىلدى،
ھارام تاماق لالمىلار.
روزىلەمما - روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

مەن نىمە بولدۇم بۈگۈن،
خىيال قىلدىم ئاخشامغا.
روزىلەمنىڭ دەردىنى،
قېتىۋالدىم ناخشامغا.
روزىلەمما – روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم

ئايمۇ چىقىپ ئورلەيدۇ،
كۈنمۇ چىقىپ ئورلەيدۇ.
مېنىڭ تارتقان دەردىمنى،
خەلقى ئالەم بىلمەيدۇ.
روزىلەمما – روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

بېشىمدىكى دوپپامنىڭ،
گۈلى نەچچە ساناپ باق.
دەردىم تولا روزىلەم،
چىرايىمغا قاراپ باق.
روزىلەمما – روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

مەن ئويۈڭگە بارغاندا،
سۇ ئەپكەلدىڭ چەينەكتە.
مەن قولۇمنى تەڭلىسەم،
قۇيۇۋەتتىڭ جەينەككە.

روزدىلەمما - روزدىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

ئاناڭ كورۇپ «ھىم» دىدى،
مىنى سوراپ «كىم؟» دىدى.
مەن كەتكەندە روزدىلەم،
ساڭا كىيىن نىم دىدى.
روزدىلەمما - روزدىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

مەن بازارغا بارمايمەن،
ياندا پۇلۇم يوق مىنىڭ.
روزدىلەمدەك ياردىم بار،
مەڭگۈ كوڭلۇم توق مىنىڭ.
روزدىلەمما - روزدىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

راۋابىممدا بەش تارى،
بەشىلىسى پەي تارى.
كىمنىڭ مەيلى كىم بىلەن،
باشقىلارنىڭ نىم كارى.
روزدىلەمما - روزدىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

روزدىلەمنىڭ مەلىسى،
ئىگىز يارنىڭ بويىدا.

ھەيران قالار خالايىق،
ئىككىمىزنىڭ تويىغا.
روزىلەمما — روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

روزىلەمگە كويدۇم دەپ،
دەرتتە قالدىم ئەمەسمۇ.
روزىلەمنى ئالالماي،
گەپكە قالدىم ئەمەسمۇ.
روزىلەمما — روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

روزىلەمنىڭ يۇزى ئاق،
قېشى قارا ئەمەسمۇ.
روزىلەمگە كويگەچكە،
قەلبىم يارا ئەمەسمۇ.
روزىلەمما — روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

روزىلەمنىڭ قاشلىرى،
يەلپۇندۇ چاچلىرى.
روزىلەم دەپ توكۇلەر،
كوزلىرىمنىڭ ياشلىرى.
روزىلەمما — روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

ئاق قوناقنىڭ باشلىرى،
كومە قوناق باشلىرى.
مېنى قويدى ئەلەمدە،
كالتە بازار ياشلىرى.
روزىلەما – روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.

بۇغدايلىقتا قارىسام،
چۈشۈپ قاپتۇ قارىمۇق.
دەرت – ئەلەمدىن يىغلىسام،
ھېچ كىشىنىڭ كارى يوق.
روزىلەما – روزىلەم،
ساڭا دەرت، ماڭا ئەلەم.



AltunOq

## يىتىم ناخشىسى

ئانا دىسەم،
ئاقتى يېشىم.
دادا دىسەم،
قايدى بېشىم.

ئانا دىگەن،
بىر باغ ئىكەن.
دادا دىگەن،
بىر تاغ ئىكەن.

مەن بىر يىتىم،
دەردىم تولا.
ئاڭلا جاھان،
ئەرزىم تولا.

چالسام راۋاپ،
باغرىم كاۋاپ.
نەگىلا بارسام،
بولدۇم خاراپ.

بايلار يامان،
خۇددى چايان.
ئوڭدا يېتىپ،
تاپقان هايان.

رەڭگىم سامان،
سۇنۇق دىلىم.
هېچ كىشىگە،
ئوتمەس تىلىم.

مەن بىر يېتىم،
قىسقا قولۇم.
ئاه! دەردىما،
بەك تار يولۇم.

ئاڭلا جاهان،
ئاهىمنى سەن.
ئېيتاي ساڭا،
زارىمنى مەن.

*　　*　　*

ئۇچۇپ كەتكەن كاككۇكنى،
قونغان دەرەخلەردىن سوراڭ.
مەندەك بىچارە، خار يېتىمنى،
چول - باياۋاندىن سوراڭ.

باي هويلىسى باغ ئىدكەن،
ئاشلىقلىرى تاغ ئىدكەن.
بىز يىتىملەر خارۇ ـ زار،
يۇرىگىمىز داغ ئىدكەن.

پەيدىغىنى ئالدىدا،
يىمىگىنى كەينىدە.
ئوزى تويسا، كوزى تويماس،
نىمە دەيلى پەيلىگە.

مەن هاشادىن كەلگىچە،
چوللەردە قونۇپ قالدىم.
دەرت ـ ئەلەمنىڭ دەستىدىن،
سودايى بولۇپ قالدىم.

بۇ جاهان، ئۇزۇن جاهان،
سەندىن ـ مەندىن قالىدۇ.
كىمنىڭ هەققى كىمدە بولسا،
ئاخىر بىر كۇن يانىدۇ.

* * *

باي غوجامنىڭ ئويىدە،
مەن ياردىم كوتەك.
ئىشلەپ بەرسەم بەرگىنى،
ماش بىلەن كىپەك.

پۈتلىرىمغا كىيگىنىم،
مايماق ئۆتۈك.
مەن ياشايمەن كۈنلۈگى،
مىڭ بىر ئۇلۇپ.

كويىقاپنىڭ ئۇزىكەن،
باينىڭ ئويى.
ئىشلەپ توكسەم تولىمىدى،
ئومۇر بويى.

*　　*　　*

باردىم تېرەككە①،
كۆچ بىلەكتە.
باينىڭ قىلغىنى،
تەگدى يۈرەككە.

باينىڭ خوتۇنى ئايشەك،
قات - قات سالىدۇ چۆشەك.
بىز بىلەن نىمە كارى،
قىشتا مۆزلىساق - ئۇلسەك.

باينىڭ قىزى ئايسارە،
ئىت بىلەنلا ئاۋارە.

---

① تېرەك - ئولۇغچات ناھىيە تېرەك گوڭشې.

بىز تالادا ــ سوغاقتا،
يىغلاپ قىلىمىز نالە.

* * *

مەن ئانامنىڭ ئۆلگىنىنى،
ئىلىخودا ئاڭلىدىم.
كېلەي دىسەم چارە يوق،
بىر خۇداغا يىغلىدىم.

ئانالىقلار راھەتتە،
ئاتالىقلار راھەتتە.
بىز يىتىملەر مەينەتتە،
يىتىملىككە چارەم يوق،


Altunoq

# بېيىتنامە

ئىشقىمنى قىلىپ ساپ مەي،
كۆڭۈل جامىغا تولدۇرسام.
سېنى يارەن قىلىپ قۇرغۇي،
غېرىپ باشىمغا قوندۇرسام.

دوزاقنىڭ ئوتىنى دەيدۇ،
پىراقنىڭ ئوتىغا يەتمەس.
سېنىڭ يولۇڭدا ـ كويۇڭدا،
بېشىمدىن غەم تېخى كەتمەس.

ئانامدىن رازىلىق ئالدىم،
دادامدىن رازىلىق ئالدىم.
سېنىڭ ئىشقى ـ پىراقىڭدا،
گويا گۈلخان بولۇپ ياندىم.

ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ،
جۈپ ـ جۈپى بىلەن ئوينار.
يالغۇزلۇق قازانىدا،
مېنىڭ بىرلا جېنىم قاينار.

گۆزەل ئاتۇش دىياردا،
پەرىسەن تەڭدىشىڭ يوقتۇر.
قاچانكى سېنى بىر كوردۇم،
بىلەمسەن ئەس - ھۇشۇم يوقتۇر.

يۈزۈڭدىن ئاي خىجالەتتە،
لېۋىڭدىن غۇنچە ھەيرانە.
ھوسنۇڭگە قۇياش مەپتۇن،
مەن دەردىڭدە ۋەيرانە.

قارلىغاچ قاناتىدىن،
قېشىڭ ئەندىزە ئالغانمۇ؟
پەرىمۇسەن، پەرىشتەمۇ،
راست كوردۇممۇ، يالغانمۇ؟

ئېتىڭ رەيھان، ئۆزەڭ رەيھان،
كىم ئەزان چىللاپ قويغان.
ساڭا ئاشىق - خۇمار بولسۇن،
جېنىدىن بىر يولى تويغان.

ئاق رومالىك - رومالىك،
شامالدا يەلپۈنۈپ كەتتى.
قىيا بېقىپ ئۆتۈپ كەتتىڭ،
قەلبىم ئورتىنىپ كەتتى.

## يار قوشغى

ئىگىز ـ ئىگىز تاغ بېشىنىڭ قارى ياخشى،
يار ـ يار دەپ يىغلىغاندىن بارى ياخشى.

دۇتار، راۋاپ چالساڭ ئۇنىڭ تارى ياخشى،
چىرايلىقنىڭ گۈل مەڭزىدە خالى ياخشى.

ئىگىز تاققا چىقماڭ ياردىم ئۇچۇپ ئۆلەرسىز،
چىرايلىققا كويمەڭ ياردىم كويۇپ ئۆلەرسىز.

ئاللا ياردىم بۇ مەلىدە ئوزەڭ ئوينامسەن؟
كىرپىگىڭنى ئوقيا قىلىپ بەللەپ قويامسەن؟

بارسام ئەگەر كوز ئوقۇڭدا چەنلەپ ئاتامسەن؟
مەن بۇ ياندا، سەن ئۇ ياندا ئۇخلاپ ياتامسەن؟

قارا قاشىڭ ئېگىلىپتۇ ئىككى تەرەپكە،
ئىككى ئۇچى كېلىپ تەگدى دەرتمەن يۈرەككە.

قۇياش دەيدۇ: «ئاشۇ قىزدىن چىراي ئالغانمەن،
ئاي خېرىدار بولغان ئىكەن دەرتكە سالغانمەن.

ئىشەنمىسەڭ سوراپ باققىن يولتۇزلار گۇۋا،
شۇڭا مەندەك نۇر چاچالماي كورۇنەر غۇۋا.»

يار مەلىسى يىراق ئەمەس يولى بارمىكىن،
يار ئاغرىغى بولۇپ قالدىم دورا بارمىكىن.

ئەتە قوپۇپ تاڭ سەھەردە يارنى سويگەندە،
دىدىم بۇنداق ئاغرىقلارنىڭ دورىسى سەندە.

سەن بىرنى دەپ، مەن بىرنى دەپ قالدىم بالاغا،
ئەجەپ ئىچىم ئاغرىپ كەتتى كوزى قاراغا.

ئىگىز داۋان ئاشتى دەيدۇ ئاشۇ يارىمنى،
ئېيتماقچىدىم، ئېيتماس بولدۇم قايغۇ - زارىمنى.

ئىگىز داۋان ئاشمىغۇنچە مەنزىل كورۇنمەس،
قارا يورغا مىنمىگۇنچە چوللەر كېزىلمەس.

لاچىن ئىگىز كوكتە پەرۋاز قىلىدۇ ئەركىن،
جاندىن كەچمەي جانانىغا يەتمەيدۇ ھىچكىم.

* * *

قارچۇغىنىڭ بالىسى بار ئالتۇن ئۇگىدا،
يارىم بارسام تونارمىكىن ئەسكى جۇگىدا.

مەن يىراققا كېتەر بولدۇم ئەگمە بېشىڭنى،
غورالداينىڭ بالىسىدەك توكمە يېشىڭنى.

بۇگۈنمىكىن، ئەتىمىكىن، ياردىم كەتكۈدەك،
شۇنچە قىلغان ئەجرىم مېنىڭ زايا كەتكۈدەك.

تال چىۋىقتەك بويلىرىڭغا زوقۇم كېلىدۇ،
ئەتە ـ ئاخشام باراي دىسەم قورققۇم كېلىدۇ.

يىغلىما يار، يىغلىما يار، يېنىپ كېلەرمەن،
بىر قۇتىدا ئۈنچە ـ مارجان ئېلىپ كېلەرمەن.

بىر قۇتىدا ئۈنچە ـ مارجان ئوزەڭدە تۇرسۇن،
ئىككى قاراپ، بىر سويگىنىم ئېسىڭدە تۇرسۇن.

## دوست خېنىم

مىڭدىن بىرىنى ئېيتسام،
تۈگىمەيدۇ مېنىڭ دەردىم.
ئايرىلىپ كېتەي دىسەم،
ئۆزۈلمەيدۇ كۆڭۈل رىشتىم.
دوست خېنىم ئامان - ئامان،
يار ئۆتۈك يامان.

كېچە بىر ئۇيقۇدا ياتسام،
ئېتىڭنى قامچىلاپ ئۆتتۈك.
گېپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،
يۈرەككە ئوت سېلىپ ئۆتتۈك.
دوست خېنىم ئامان - ئامان،
يار ئۆتۈك يامان.

يارنىڭ يارلىغى كەلدى،
تۆككەن ياغلىغى كەلدى.
يارغا مەن باراي دىسەم،
جاھاننىڭ تارلىغى كەلدى.
دوست خېنىم ئامان - ئامان،
يار ئۆتۈك يامان.

# ھەي دادەي

مېنى كويدۈردى - ياندۈردى،
مۈھەببەت ئۇتلىرى دوستلار.
ئېشىپ كەتتى سامالاردىن،
پۈغانىم ئۇتلىرى دوستلار.
ھەي - ھەي، ھەي دادەي.

تىلەيمەنكى ۋاپاسىز يار،
كېلىپ ھالىمغا كوز سالسۇن.
بۇ دەردىمگە داۋا قىلسۇن،
ۋە يا جانىمنىمۇ ئالسۇن.
ھەي - ھەي، ھەي دادەي.

نە ئەيلەي گۈل ئۈزارىمدىن،
ئايرىلدىم نىگارىمدىن.
ئۈزۈن بولدى خەۋەر يوق ھىچ،
مېنىڭ سويگەن شۇ يارىمدىن.
ھەي - ھەي، ھەي دادەي.

مېنى يارىمدىن ئايرىغان،
ئوزى ياردىن ئايرىلسۇن.

پۇتى باسماس، قولى تۇتماس،
ئەزىز جانىڭدىن ئايرىلسۇن.
هەي - هەي، هەي داداي.

# گۈلئايىم

شەمۇ - شەگە داڭ كەتكەن،
گۈلئايىم سەن چىرايلىق.
مەن ساڭا كويۇپ قالسام،
بىلمىۋاپتۇ خالايىق.
ساڭا كويىمەن دائىم،
قانداق قىلىمەن جانىم.

هاۋامۇ، هاۋامىدۇ،
دەرتكە غەم داۋامىدۇ ؟
قىز ئۇچۇن يىگىت ئولمەك،
شەردەتتە راۋامىدۇ.
ساڭا كويىمەن دائىم،
قانداق قىلىمەن جانىم.

گۈلئايىمنىڭ هويلىسى،
ئۇستەڭ بويىدا - چەتتە.
قانداق قىلىمەن ئەمدى،
خۇدا سالغان بۇ دەرتكە.
ساڭا كويىمەن دائىم،
قانداق قىلىمەن جانىم.

## گۈزەل ئاتۇش

گۈزەل ئاۋات ئاتۇشنىڭ،
ئوغۇل - قىزلىرى ئىشچان.
چىكىنىدگە ياراشقان،
غۇنچە قىسقان، گۈل قىسقان.

ئاتۇشنىڭ ھاۋاسىدا،
ئەنجۈر، ئانار تەمى بار.
ئاتۇش ئوغۇل - قىزىنىڭ،
ھەممە ئىشقا پەمى بار.

ئاتۇش دېگەن ئوبدان يۇرت.
دۈشەنبە بازارى بار.
پىشقان مەي بولۇپ باغدا.
ئەنجۈرى، ئانارى بار.

كېلىپ ئەنجۈر يېسەڭچۇ،
ئۈزۈم، ئانار يېسەڭچۇ.
باققا چىللاپ، خۇش كۆلۈپ،
تۇرغىنى يار دېسەڭچۇ.



AltunOq

ئاتۇشتا نىمە ياخشى،
خوش نەغمە ـ ناۋا ياخشى.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ،
دەردىگە داۋا ياخشى.

كېلىنىڭ يارىم ئويناپلى،
ئورۇلۇپمۇ، چورۇلۇپ.
بىزنىڭ يارلار ئوينايدۇ،
قىزىلگۇلدەك كورۇنۇپ.

يارنىڭ ئېتى رەيھانمۇ ؟
چېچى سۇمبۇل بوستانمۇ ؟
سوزلىرى ئەجەپ تاتلىق،
ھەسەل ـ ناۋات قوشقانمۇ ؟

دوست ئاكىجان، خوش ئۇكىجان،
ئويناڭ ـ ئويناڭ ئەل ئامان.
ئويىنىغانغا يېتەمدۇ،
داغدا قالغان بەك يامان.

دۇتار چەپ بېرەي سىزگە،
ئۇسۇل ئويناپ بېرەي سىزگە.
ۋاي، چىرايلىق جان ئاكىجان،
ۋاي، چىرايلىق جان ئۇكىجان،
قايرىلىپ قاراڭ بىزگە.

## سەيدىگۈل

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
جانىجانىم سەيدىگۈل.
شېخىدا بۇلبۇل سايرىدى،
جانىجانىم سەيدىگۈل.
مېنى سەندىن شۇم پەلەك،
جانىجانىم سەيدىگۈل.
رەھمى قىلماي ئايرىدى،
جانىجانىم سەيدىگۈل.

بېغىمدا ئانارىم يوق،
جانىجانىم سەيدىگۈل.
سۆيگۈنۈم نىگارىم يوق،
جانىجانىم سەيدىگۈل.
باراي دىسەم يول يىراق،
جانىجانىم سەيدىگۈل.
تېنىمدا مادارىم يوق،
جانىجانىم سەيدىگۈل.

ئۇشنەمدە ئۈزۈن چەكمەن،
جانىجانىم سەيدىگۈل.

قولۇمدا يوغان كەتمەن،
جانىجانىم سەيدىگۈل.
بارمىكىنە دۇنيادا،
جانىجانىم سەيدىگۈل.
مەندەك بىناۋا دەرتمەن،
جانىجانىم سەيدىگۈل.

## يــاروي

ئاي ئالدىمدا، كۆن كەينىمدە،
يار دەپ يىغلايمەن.
ماڭا بەرگەن ئامانەتنى،
ئال دەپ يىغلايمەن.

ئايغا قاراپ، يارغا قاراپ،
خىيال سۈردۈمەن.
ئۆزەم ئويلاپ، ئۆزەم يىغلاپ،
بىھۇش بولدۇمەن.

بىر دانە ئەردىم،
مىڭ دانە بولدۇم.
ئەقلى ھۇشۇمدىن،
يىگانە بولدۇم.

يار - يار دەپ مەن،
سەرسانە بولدۇم.
ئىشقى ئوتىدا،
ۋەيرانە بولدۇم.

يار دىدارىڭغا،
دىۋانە بولدۇم.
يار مانا ئەمدى،
مەردانە بولدۇم.

ياردىم كەتكۈدەك،
مەندىن يىراقتا.
مېنى قويغۇدەك،
ئوتتا – پىراقتا.

ياردىم ئويىدە،
يىغلاپ تۇرغۇدەك.
كۆندە مىڭ قېتىم،
جاندىن تويغۇدەك.

مەن بېرىپ يارغا،
مەدەتكار بولاي.
يارنىڭ قولىدا،
زۇلپىقار بولاي.

مەدەتكار بولاي،
زۇلپىقار بولاي.
بىر يولى دوستلار،
يارغا يار بولاي.


Altun0q

# ئەل ئامان

سازچىمەن، سازەندىمەن،
ئىزھار قىلاي قەلبىمنى مەن.
راۋابىمنىڭ تارىغا،
سوزلىتەي دەردىمنى مەن.
ئەل ئامان، دەردىڭ يامان،
كويدۇرۇشۇڭ ئاندىن يامان.

يارنى دەپ تاغلارنى كەزدىم،
يەتمىدىم ۋەسلىگە مەن.
بىر كورۇپ ئارمانغا يەتسەم،
نەۋ باھار پەسلىدە مەن.
ئەل ئامان، دەردىڭ يامان،
كويدۇرۇشۇڭ ئاندىن يامان.

دەرتكە دەرت بەرگەن پەلەك،
دەرتمەنگە دەرت بەرگەن پەلەك.
ئىككى دەرتنى بىر قىلىپ،
مېنى خار ئەتكەن پەلەك.
ئەل ئامان، دەردىڭ يامان،
كويدۇرۇشۇڭ ئاندىن يامان.

# تۇمۇچۇغۇم سايرايدۇ

تۇمۇچۇغۇم سايرايدۇ،
نىگاردىم ئويىنىغان باغدا.
ئەجەپ كوڭلۇم يايرايدۇ،
سېنى ياد ئەيلىگەن چاغدا.

كەتتى ياردىم يىراققا،
ئالتە ئىشەككە يۈك ئارتىپ.
ئومرۇم شۇنداق ئوتەرمۇ،
يارنىڭ دەردىنى تارتىپ.

ئۇيان ئوتۇپ ئاھ دەيمەن،
بۇيان ئوتۇپ ئاھ دەيمەن.
يارنى ئەسلەپ، كوكسۇمنى،
تۇتۇپ بىردىن «پاھ» دەيمەن.

ئاتۇشنىڭ بازارىدا،
قاتار - قاتار دۇكان بار.
سوزلە دىسە، سوزلەيمەن،
مەن دەردىمنى ئۇققانغا.

# كاككۇك

باھاردا قىچقىرىپ كەلسە،
كوڭۈلنى ئويغىتار كاككۇك.
ئېچىلغان گۈل - چېچەكلەرگە،
ھەۋەسنى قوزغىتار كاككۇك.

مۇھەببەت ئەھلىگە ياققان،
كۈيى دەريا بولۇپ ئاققان.
ۋاپادىن دەرس ئوتۇپ تاڭدا،
يۈرەكنى ئوينىتار كاككۇك.

بولۇپ ئەلچىسى ئۇ يازنىڭ،
بولۇپ ئەلچىسى بار سازنىڭ.
ئەجەپ يىراق - يىراقلاردىن،
ئۈنىنى ئاڭلىتار كاككۇك.

كىمكى ئاڭلىسا بىردەم،
بولار دەردىگە ئۇ مەلھەم.
سېلىپ ياشلىغىنى ئەسكە،
ئۆزىچە يىغلىتار كاككۇك.

كېلىپ باغلار ئاراقونسا،
جاھانغا لىق ناۋا تولسا.
بېشىدىن دەرت ـ ئەلەملەرنى،
يىراققا ئىرغىتار كاككۇك.

# ھويلاڭدىكى ئۈژمەڭنىڭ

ھويلاڭدىكى ئۈژمەڭنىڭ
بىر شېخى راۋاپ بولدى.
سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا
يۈرىگىم كاۋاپ بولدى.

راۋاپنى ئالاي دەيمەن،
چالاي دىسەم تارى يوق.
يارنى ئويلاپ شۇ تاپتا
يۈرىگىمنىڭ ھالى يوق.

ئۇستەڭ بويىدا نەمدە،
راۋاپ چالىمەن غەمدە.
ئىزلىمەڭلار، سورىماڭلار،
مەن دەردى تولا بەندە.

دەرتكە دەرتمەن بولغۇدەك،
بىر ئاداشىم يوق مېنىڭ.
سورىغۇدەك ھالىمنى،
قارا قاشىم يوق مېنىڭ.


AltunOq

دەريا بويىغا چىقسام،
ئۈزۈن ساينىڭ قاراسى.
نەدىنمۇ تېپىلاركىن،
بۇ دەردىمنىڭ داۋاسى.

كاتتايلاقنىڭ يولىغا،
ھارۋا سالماڭ كاتام بار.
ئاشۇ تاغنىڭ كەينىدە،
بىر مۇساپىر ئاكام بار.

شۇ ئاكامنى كورسەممەن،
ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرسەممەن.
بىر تۇققان قېرىنداشنىڭ،
ئايىغىدا ئولسەممەن.

# ئامبال

ئامبال، ئامبالغا باقىدۇ هامان،
ئۇلار پۇقراغا باقماس هىچقاچان.

ئامبالنىڭ قىزى، دايىنىڭ قىزى،
چوقۇر دىمەڭلار، چىچەكنىڭ ئىزى.

ئامبال ئالدىدا، دايى كەينىدە،
نىمە تەڭ كەلسۇن ئۇلار پەيلىگە.

مەن قانداق قىلاي زۇلۇم دەستىدىن،
قۇتۇلالمىدىم ئۇلار قەستىدىن.

ئامبال ئاق ئاتتا، دايى كوك ئاتتا،
مېڭىشلىرىغا قاراڭ بەك كاتتا.

ئامبالغا ئاق چاي، دايىغا كوك چاي،
قالدىم بالاغا، مەن قانداق قىلاي.

# ئايالىردىم

كويەك ئوتى، يۈرەك ئوتى،
ئۆچمەيدىكەن ئايالىردىم.
بۇ دۇنيادا غەم بېشىڭدىن،
كەتمەيدىكەن ئايالىردىم.

بۇ بېشىمدا غەمدىن تولا،
ئارمان تولا، ئايالىردىم.
ياردىم بولسا دەيتتى مېنى،
هارماڭ بالا، ئايالىردىم.

ئالتۇن بېشىم ئامان بولسا،
كېلەر ياردىم ئايالىردىم.
مېنىڭ تارتقان دەرتلىردىمنى،
بىلەر ياردىم ئايالىردىم.

بىر مەلىدە ئۇيناپ كۇلۇپ،
ئوسكەن ئىدۇق ئايالىردىم.
كوڭلىمىزگە بىر مەقسەتنى،
پۇككەن ئىدۇق ئايالىردىم.

ئاي ـ ئايدىڭدا، سۇ بويىدا،
ئوينىغان بىز ئايالىردىم.
ئولتۇراتتۇق قارىشىپ بىز،
تويمىغان بىز، ئايالىردىم.

يارىم كەتتى مەندىن يىراق،
قالدىم قاراپ ئايالىردىم.
بولدى مېنىڭ يۇرىگىم قان،
باغرىم كاۋاپ ئايالىردىم.

سەن ـ سەن دۇنيا، ئەي سەن دۇنيا،
بىۋاپا سەن ئايالىردىم.
جانغا جازا ئوتۇپ كەتكەن،
بىساپا سەن ئـايالىردىم.

لەيلى دەيدۇ، لەيلى دەيدۇ،
لەيلىمىكىن ئايالىردىم.
كىمنىڭ مەيلى كىمدە بولسا،
مەيلىمىكىن ئايالىردىم.

كوڭۇل دىگەن توسۇن ئاتتەك،
چاپچىيدىكەن ئايالىردىم.
يۇرەك ئوتتا ئېرىگەندەك،
قامچىيدىكەن ئايالىردىم.

ئاشىقلارنىڭ كۆڭۈل سىرى،
تىرەن ئىكەن ئايالىردىم،
كويدۇم دىسەڭ قەلەم قاشقا،
ئېۋەن ئىكەن ئايالىردىم.

يار - يار دەپ چۇشۇپ قالدىم،
تۇزاققا مەن ئايالىردىم.
تىرىك تۇرۇپ كىرىپ قالدىم،
دوزاققا مەن ئايالىردىم.

يارسىز ماڭا بولدى گويا،
كۇندۇز - كېچە ئايالىردىم.
سەن يارىمنى ئۇنتۇماسمەن،
تا ئولگىچە ئاي-الىردىم.

# يارىم بار مېنىڭ

خۇما كۆزلۈك، شىرىن سۆزلۈك،
يارىم بار مېنىڭ.
خالايىقنىڭ كۆزى چۈشكەن،
نارىم بار مېنىڭ.

يۈرىگىمنىڭ ئەڭ تۆرىدە،
يارىم بار مېنىڭ.
ئىشقى ئوتىدا چەككەن تولا،
زارىم بار مېنىڭ.

يار ـ يار دەپ چالسام مەغرۇر،
تارىم بار مېنىڭ.
ئەل ئالدىدا ماختانغۇدەك،
يارىم بار مېنىڭ.

# كورەرمەنمۇ يارىمنى

يارانلار تاقىتىم ـ تاقتۇر،
كورەرمەنمۇ يارىمنى.
ماڭا دىل خوشلىقى ياتتۇر،
كورسەم گۇل ئۇزارىمنى.

سەھەرلەردە ناۋا قىلسام،
شۇ يارغا ئىلتىجا قىلسام.
بۇ دەردىمگە داۋا قىلسام،
چىلىپ مەن قەلبى تارىمنى.

ماڭا زادى پەلەك باقماس،
كېچە ئۇزۇنكى، تاڭ ئاتماس.
كوڭۇل بېغىمغا سۇ ئاقماس،
قۇرۇتتى تەندە جانىمنى.

ئاداشقان چولدە ئاھۇ مەن،
دىدىم ئارماندا ياھۇ مەن.
تولا چەكتىمكى قايغۇ مەن،
سېغىندىم ھوسنى ئايىمنى.

بېغىمدا بۇلبۇلۇم يوقتۇر،
قولۇمدا قۇرغۇيۇم يوقتۇر.
ماڭا دەردۇ ـ ئەلەم جۇپتۇر،
كىشى بىلمەيدۇ زارىمنى.

ئايا دوستلار ھەزەر ئەيلەڭ،
جۇدالىقنى زەھەر ئەيلەڭ.
ماڭا بىر خۇش نەزەر ئەيلەڭ،
كورۇپ قانسام نىگارىمنى.

كى باغرىمغا تېگىپ ئالسام،
كى مېھرىگە قېنىپ ئالسام.
بولۇپ گۇلخان يېنىپ ئالسام،
كورۇپ شۇ مېھرىبانىمنى.

# چىمچاچاق

چىمچاچىغىم – چىمچاچاق،
چاۋار تەردىم بىر قۇچاق.
سودىگەردىن قۇتۇلسام،
نەددىن كەلدى توكۇچاق.

تال چىۋىقنى ئەككۈنچە،
بەللىرىڭنى پۈككۈنچە.
ئولۇپ كەتسەڭ بولامدۇ،
مەيلىڭ يوققا تەككۈنچە.

تال چىۋىقنى ئەككۈنچە،
بەللىرىڭنى پۈككۈنچە.
ئولۇپ كەتسەڭ بولامدۇ،
قىمارۋازغا تەككۈنچە.

چاپىنىمنىڭ يېڭىسى،
شاتىۋاردا ئۇشلىغان.
ئەرگە تەگمەيمەن دىسەم،
ئانام بېشىمغا مۇشتلىغان.

ئۈزۈن – ئۈزۈن ئارغامچا،
تېرەككە سېلىپ ئوينايمەن.
ھەركىمنىڭ نىمە كارى،
ئۆزەم بىلىپ ئوينايمەن.

تاۋار كوينەك كىيمەيمەن،
ئېتىكىمنى لاي قىلىپ.
قىمارۋازغا تەگمەيمەن،
يۈرىكىمنى داغ قىلىپ.

سۆزۈك سۈنى لاي قىلغان،
ئاق بوز تاغىنىڭ توپىسى.
يىگىتلەرنى گۈل قىلغان،
نىزە بەگىنىڭ دوپپىسى.

ھەزرىتى موللام ئالدىدىن،
ئوتۇپ كېتىمەن ئاستا.
ئۈچ كۈن بولدى يارنى دەپ،
قىلالمىدىم مەن ناشتا.

ئانام بولسا بەرمەيتتى،
دادام بولسا بەرمەيتتى.
ئاتا – ئانام بار چاغدا،
ھېچ كىم ئازار بەرمەيتتى.

ئىگىز تاققا چىقماڭلار،
بورە كېلىدۇ تاغدىن.
كوزۇمنى ئالالمايمەن،
يـاردىم ئوينىغان باغدىن.

قارا تاغدىن سۇ كەلسە،
يار جىلغىغا پاتمايدۇ.
كىمنىڭ بېشىغا بۇ دەرت،
كەلسە قوشاق قاتمايدۇ.

تاقۇت يولى تار ئىكەن،
ئىككى يېنى يار ئىكەن.
ئانىسى يوق قىز بالا،
ھەممە يەردە خار ئىكەن.

ئانام بولسا كورسەممەن،
دادام بولسا كورسەممەن.
ئانام بىلەن دادامنىڭ،
ئاياغىدا ئولسەممەن.

# قارىغاي

ئىگىز ـ ئىگىز قارىغاي،
نى نەرسىلەرگە يارىغاي.
ئىگىز ـ ئىگىز قارىغاي،
ھەر نەرسىگە يارىغاي.

ئەگرى ـ بۆگرى قارىغاي،
نى نەرسىگە يارىغاي؟
ئەگرى ـ بۆگرى قارىغاي،
لىڭگىلچاققا يارىغاي.

سەن ئۆزەڭنى دىمىگىن،
ئىگىز ـ ئىگىز قارىغاي.
قىلما ھەرگىز تەمەننا،
ھىچ كىشىگە قارىماي.

ئەگرى ـ بۆگرى قارىغاي،
بەردىبىر ئۇ قارىغاي.
گەر ئوتۇنچى كەلسىلا،
ئاۋال ئۇنى چانىغاي.

ئاش پىشامدۇ ئوچاقتا،
ئوتۇن - كۆمۈر قالىماي.
چەتكە چىققان ئەك يامان،
ھېچ نەرسىگە يارىماي.

سەككىز دىمە سەن زىنھار،
ئاۋال ئوزەڭ سانىماي.
ئادەم دىمە ئوزەڭنى،
ئوزەڭ ئادەم تونىماي.

# ئامەت

كەلگەندە كېلەر ئامەت،
دەرىزىلىك ئەينەكتەك.
كەتكەندە كېتەر ئامەت،
تۆۋى چۈشكەن چەينەكتەك.

تاسقىلىسەن بىلىپ قوي،
دۇنيا ئۆزى ئەگلەكتەك.
بەزى چاغدا كېتىسەن،
يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك.

پۇلنى تاپتىم دىمىگىن،
پۇلمۇ سېنى تاپىدۇ.
بەزى چاغدا پۇل سېنى،
چار يىلاندەك چاقىدۇ.

ئەقلى - ھۇشى يوق ئادەم،
پۇلغا موللاق ئاتىدۇ.
موللاقىنىغۇ ئاتىدۇ،
كېيىن كوپ دەرت تارتىدۇ.

ئامىتىم يوق دىمىگەن،
ساقلىغىڭدۇر ئامىتىڭ.
خار ئەمەسسەن ھىچ يەردە،
بولسا ئىشلەش ئادىتىڭ.

ئامەت دىگەن ئامەت ئۇ،
تەۋەككۇلنىڭ ھەمرىيى.
خار ئەمەسسەن بولساڭلا،
ياخشىلارنىڭ ھەمدىمى.

ھەمدەم بىگىم ئويلايدۇ،
بەيتۇللاغا بىرىشنى.
بىرىشنى ھىچ بىلمەيدۇ،
دائىم ئويلار ئىلىشنى.

دادام قارى غىمىم يوق،
ئاكام قارى غىمىم يوق.
شۇنىڭ ئۈچۈن بىلسەڭلار،
ھىچ نەرسىدە كىمىم يوق.

ئالداپ ئىلىپ يانچۇققا،
سالدىم ئامەت دىمىگەن.
يۇقرا ئىنەك مەن سىغىپ،
قاندىم ئامەت دىمىگەن.

ئېلىپ (ا) بەرنى (ب) ئۆگەنمەي.
سەنى (ت) بىلمەس ھېچ كىشى.
بازاردا بار مىڭ كىشى،
كوڭۈلدىدۇر بىر كىشى.

مىڭنى ئالداپ بىرنىلا،
خوش قىلىشنى ئويلىما.
ئۆزەڭچىلا سۈيى يوق،
دەرياني سەن بويلىما.

بىل سەن ئەلنىڭ بالىسى،
ئەلدىن ھىممەت ئايىما.
ئەر ئاتىسى ئەل دىگەن،
بىر ھىكمەت بار بالىما.

ھىممەت قىلساڭ دولىتىڭ،
نۇر - زىيادە بولغۇسى.
ئامەت كېلىپ ئالدىڭدا،
شاھ پىيادە بولغۇسى.

ھەي....
بىزدىنمۇ قالار ئالەم،
بىلمەيدۇ بۇنى ئادەم.

# ئويلاپ باقىمەن

ئىشقى ئوتى ئوچمەيدىكەن،
يا باشقىغا كوچمەيدىكەن.
قانچە قىلساڭ قىيرىغاندا،
تال چىۋىقتەك كوكلەيدىكەن.

ھىلىۋاينىڭ رابىغا مەن،
كويگەن ئىدىم، سويگەن ئىدىم.
شۇنچە ئەلنىڭ ئارىسىدا،
ئۇنى بىرلا كورگەن ئىدىم.

يانچۇغۇمدا پۇلۇم بولماي،
ئالالمىغان، داغدا قالغان.
خالايىقلار بىلسەڭ ئەگەر،
گويا قىزىق ياغدا قالغان.

ئۇتۇپ كەتسە ئالدىمىدىن قىز،
رابىمۇ دەپ قارايمىنا.
خۇددى كىچىك بالا ئوخشاش،
مارايمىنا، مارايمىنا.

رابىمۇ دەپ قارايمەنا،
قارايمەنا، ئويلايمەنا.
ئويلايمەنا، قارايمەنا،
يەنە ئويلاپ قارايمەنا.

قانداق قىلاي،
كويەك دەردى.
ئوتۇلدىغۇ،
يارنىڭ قەدرى.

# سارىگۈل

ئىگىز ئايۋان، پېشايۋان،
مەن ياتمايمەن ئۆزەڭ يات.
يار دىگەن سەندەك بولسا،
ۋاي! سارىگۈل،
يارتۇتمايمەن پەندىيات.

دۇتارنى چېلىپ-چېلىپ،
كات توپىگە ئېلىپ قويدۇم.
ۋاپاسىزنىڭ قىلغىنىنى،
ۋاي! سارىگۈل،
يۈرىگىمگە سېلىپ قويدۇم.

بارغا قىلدىم قانائەت،
خۇدايىم قىلسۇن سالامەت.
بىلىپ قويغىن مال-دۇنيا،
ۋاي! سارىگۈل،
بەش-تۇت كۆنلۆك ئامانەت.

# جېنىم جورام

شاپتۇل شېخى لىڭشىيدۇ-لىڭشىيدۇ،
شاپتۇل شېخىدا كىم بار؟
مەن يارنى دىگەن بىلەن،
جېنىم جورام
يارىنىڭ كوڭلىدە كىم بار؟

راۋابىڭنى ئالساڭچۇ-ئالساڭچۇ،
بېرىپ چوللەردە چالساڭچۇ.
سەن مۇساپىر مەن غېرىپ،
جېنىم جورام
مېنى ئارقاڭغا سالساڭچۇ.

مەن سېنى تولا ئويلاپ-تولا ئويلاپ،
ئوستەڭ بويىنى بويلاپ.
كەلسەم سېنىڭ ئالدىڭغا،
جېنىم جورام
نەدە يۈرسەن ئويناپ؟

# تــار جاھان

( تاجىخان )

يېشىم ئەللىككە يەتتى،
ئۆمرۈمنىڭ تېڭى كەتتى.
ۋاپاسى يوق ئالەمدە،
ۋاي ! تارجاھان،
كىم مۇرادىغا يەتتى.

مەن تولا جاپا چەكتىم،
بېشىم ئاقاردى كۆلپەتتىن.
يېرىلمىدى بۇ تاغلار،
ۋاي ! تار جاھان !
مەن قىلغان نادامەتتىن.

كېتەي ئەمدى، كېتەي ئەمدى،
بۇ يۇرتتىن كېتەي ئەمدى.
كېتىپ يىراق - يىراقلارغا،
ۋاي ! تار جاھان،
مۇرادىمغا يېتەي ئەمدى.

ئاقسۇ چوللىرى قالسۇن،
مۇزاتنىڭ داۋىنى قالسۇن.
باراي شۇ باغۇ - بوستانغا،
ۋاي ! تار جاھان،
يۇرەكنىڭ ئارمىنى قانسۇن.

قولۇمغا پىچاق ئالدىم،
بىر يولى تويۇپ جاندىن.
ئىچىمگە پاتمىدى دەردىم،
ۋاي ! تار جاھان !
غەزەپتىن ئورتۇنۇپ ياندىم.

# دەيدۇ

ئىككىمىزنى كورگەن كىشىلەر،
سوزلەشتى دەيدۇ.
بۇ ئىككىسى بىر ھەقسەتنى،
كوزلەشتى دەيدۇ.

بىز تەرەپكە كەلمەك ياردىم،
مۇڭداشتى دەيدۇ.
بىر چىرايلىق بىر بىردىگە،
سۇڭداشتى دەيدۇ.

بىلمىگەنلەر ئوزلىرىچە،
ھەر نىمە دەيدۇ.
بۇ دۇنيادا كىم-كىمنىڭكى،
غېمىنى يەيدۇ؟

بىزنى ئۇلار يامان دەيدۇ،
گەپلەشتى دەيدۇ.
كوچا-كويدا بىللە يۇرۇپ،
سەتلەشتى دەيدۇ.

ئىككىمىزنى ئۆز يولىدىن،
چەتنەشتى دەيدۇ.
ياشلىغىنى ئۇنتۇغانلار،
چەكلەشتى دەيدۇ.

بىز تەرەپكە كەلمەڭ ياردىم،
مۇڭداشتى دەيدۇ.
مۇڭداشسىغۇ-مۇڭداشقاندۇ،
ئويناشتى دەيدۇ.

# پاتىمەم

كۈن چىقىشتىن كۈن چىقتى،
نۈرى ئۈنىڭ بولەكچە
ئەمدى بىزگە پارتىيە،
بولدى تازا يولەكچە.
بىزگە ئەمدى پاتىمەم،
زامان بولدى بەك بەلەن.

مەسئۇلىيەت تۈزۈمى،
بىزگە بەكمۇ ياراشتى.
يۈرتىمىزغا باھارنىڭ،
قاراپ كوزى قاماشتى.
پاتىمەممۇ - پاتىمەم،
زامان بولدى بەك بەلەن.

مەھسۇلاتنى ھوددىگە،
ئالدۇق بۈگۈن خوش بولدۇق.
پارتىيىنىڭ يولىغا،
باشقىدىنلا قول قويدۇق.
پاتىمەممۇ - پاتىمەم،
زامان كەلدى بەك بەلەن.



AltunOq

كادىرلارمۇ ئويغاندى،
ئەزالارمۇ ئويغاندى.
غەيرەت بىلەن ئىشلەشكە،
بىلىمىز چىڭ باغلاندى.
پاتىمەممۇ - پاتىمەم،
زامان كەلدى بەك بەلەن.

ئىشلەيدىغان چاغ بولدى،
چول ئوزگىرىپ باغ بولدى.
مانا ئەمدى قازانمۇ —
چومۇچمۇ ھەم ياغ بولدى.
پاتىمەممۇ - پاتىمەم،
زامان كەلدى بەك بەلەن.

# ئامىنەم

ئامىنەمۇ – ئامىنەم،
لايغا پاتقان ئامىنەم.
ئاناڭ يىغلاپ دەردىدە،
قوشاق قاتقان ئامىنەم.

لايىنىڭ تېگىدە يېتىپ،
ئانا دېدىڭمۇ ئامىنەم.
ئېزىپ يۈرەك باغرىمنى،
دادا دېدىڭمۇ ئامىنەم.

تاغدىن سەلەپ① كەلگەندە،
سەن ئۆيۈڭدە ئۇخلىغان.
سۇ كىرسىمۇ ھويلاڭغا،
غەپلەت بېسىپ ئۇقمىغان.

يامغۇر ياغدى شاقىراپ،
سەل-ەپ كەلدى غاقىراپ.

---

①سەلەپ – ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى بىر قېتىملىق كەلكۈن كوزدە تۇتۇلىدۇ.

قانداق جىنىڭ چىققاندۇ،
ئىككى كوزۇڭ پاقىراپ.

چىقىۋالدۇق تېرەككە،
ئامال بولماي بولىككە.
سوغاق-ئاچلىق ئازاۋى،
بېرىپ يەتتى يۈرەككە.

مال-دۇنيانى لاي باستى،
سەلەپ سۇ ئېلىپ قاچتى.
تىرىك تۇرۇپ دوزاققا،
كىردۇق، بىزنى غەم باستى.

كېلىپ باستى خامانلى،
ئېلىپ قاچتى سامانلى.
لېۋىمىزنى چىشلىدۇق،
ئالالمىدۇق بىر داننى.

ئالالمىدۇق خامانلى،
ئالالمىدۇق بىر داننى.
ئومرىمىزدە كورمىگەن،
بۇنداق مۇدھىش زاماننى.

ھۇشسىز بولۇپ يىقىلدىك،
كوز ئالدىمدا ئامىنەم.

سەلەپ سۇدا ئاققىنىڭ،
بار يادىمدا ئامىنەم.

قاپاق تېرەك ئالدىدا،
ئوينىغانمۇ ئامىنەم.
سەلەپ بۇنداق كېلەر دەپ،
ئويلىغانمۇ ئامىنەم.

سەن شورۇققا بارغۇنچە،
چىغىر يولدا ماڭغانمۇ؟
كوز ئالدىمدىن كەتمەيسەن
راست ئولدۇڭمۇ-يالغانمۇ؟

ئاناڭ قالدى زار يىغلاپ،
داداڭ قالدى زار يىغلاپ.
قالدى دەرتتە-ئەلەمدە،
ياقا يىرتىپ قان يىغلاپ.

ئويگە كىرسەم ئامىنەم،
كېيگەن ئەڭنىڭ تۇرۇپتۇ.
باققا كىرسەم ئامىنەم،
تەرگەن گۇلۇڭ سولۇپتۇ.

سەن ئاناڭنىڭ ئالدىدا،
ئويناپ كۇلسەڭ بولماتتى.

قامچا گۈلدەك بوي تارتىپ،
ئۆمۈر كورسەڭ بولماتتى.

قىسمەت شۇنداق پۈتۈلگەن،
پىشانەڭگە ئامىنەم.
يېتەلمىدىڭ دۇنيادا،
مۇرادىڭغا ئامىنەم.

ئۇن گۈلۈڭنىڭ بىردەمۇ،
ئېچىلمىغان ئامىنەم.
دەردىڭ تولا، داۋاسى،
تېپىلمىغان ئامىنەم.

ئاخشام ئۆتتى بەش ئاتلىق،
بەشىلىسى ئاق ئاتلىق.
تاللىغىنىڭ ئامىنەم،
ئەمەت ئىمىن قاناتلىق.

ئىگىز ئوگزىگە چىقسام،
باغلار بىلەن كېچىڭىز.
قۇلىغىمدىن كەتمەيدۇ،
قىلغان چۈچۈك گېپىڭىز.

بۇنجالىقنىڭ كەينىدە،
سىلەر ئوبدان مۇڭداشقان.



AltunOq

يارىشىپتۇ ئىككىسى،
دەپ كورگەنلەر ماختاشقان.

باهار كەلسە ئەڭ باشتا،
پىچان گۇلى ئېچىلار.
ئاشىق بىلەن مەشۇققا،
نۇردىن كىپەن پىچىلار.

سىرىق سەبدە، گۇل سەبدە،
موللاق ئاتىدۇ كەپتەر.
ئامىنەم دەپ يىغلايمەن،
قولۇمدا قەلەم-دەپتەر.

ئامىنەمنىڭ كوزلىرى،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
كاسىسىغا چۇشكەن شۇ،
سۇمبۇل چېچى قۇندۇزدەك.

قېشى قەلەم، گۇل ئاغزى،
لېۋى سۇزۇك جىنەستە.
خەلقى-ئالەم قاردىغان،
ئاي يۇزىگە هەۋەستە.

يولىنىڭ بويى سىدىلىك،
سىدىلىك هەم بىدىلىك.

قېنى ئەمدى ئانىنەم،
گەپ-سۆزلىرى مىزىلىك.

ئانىنەمنىڭ بېغىدا،
ئەنجۈر، ئانار، شاپتۇلا.
ئانىنەم دەپ يىغلايمەن،
يۈرىگىمدە دەرت تولا.

ئانىنەمنىڭ چېچىنى،
ئاق ناۋاتتا پاتلىغان.
ئانىنەمنى ئەسلىدە،
ئەمەت ئىمىنگە ساقلىغان.

بىزنىڭ مەلە تۈز مەلە،
بىر بىردىن ئۈز مەلە.
تەڭ كېلەلمەس زادىلا،
تەرىپلىسە يۈز مەلە.

ئاتۇشنىڭ بازاردىن،
بىر خالتىدا قاق ئالغان.
مېنى تەقدىر-پىشانەم،
غەمدە قويۇپ داق سالغان.

دۈتار چالىمەن ئاستا،
بوگەن بويىدا ساستا.

ئامىنەمنى ئويلىسام،
تۈگىمەيدىكەن ناخشا.

ئامىنەمنىڭ قولىغا،
ئالتۇندىن ئۈزۈك ئالغان.
ئامىنەمنى سەلەپ سۇ،
كوكسۇمدىن ئۈزۈۋالغان.

سۇدا ئاقتىڭ ئامىنەم،
لايغا پاتتىڭ ئامىنەم.
مەن ئاناڭدىن ئايرىلىپ.
قانداق ياتتىڭ ئامىنەم.

تاغدا چىققان شامالدىن.
سېنى دائىم سورايمەن.
سېنىڭ دەرت-پىراقىڭدا،
ياقا يىرتىپ يىغلايمەن.

دەرتلىرىما-دەرتلىرىم،
ئىچىمدىكى دەرتلىرىم،
ئۆمۈر بويى تۈگىمەس،
ئېيتسام-ئېيتسام گەپلىرىم.

مەن قەشقەرغە بارغۇنچە،
ئۆزۈن سايدا ھاردىمەن.

ھېرىپ-ئېچىپ ئامىنەم،
سېنى ئەسكە ئالدىمەن.

قەشقەر ئۆزى چوڭ شەھەر،
رەستىلىرى ئاۋاتكەن.
تۇمۇچۇقتەك قىزلارنىڭ،
گەپ-سوزلىرى ناۋاتكەن.

مەن ھېيتكارغا بارغاندا،
مۇنارىغا يولەندىم.
ئەلەم بىلەن ھەسرەتنىڭ،
بوشۇگىگە بولەندىم.

باشقىلارنىڭ قىزلىرى،
ئويناپ-كۈلۈپ يۈرمەمدۇ.
كوزى بولسا دۇنيانىڭ،
مەن غېرىپنى كورمەمدۇ.

شۇ قىزلارنىڭ چاچلىرى،
قاپ-قارادۇر قاشلىرى.
دەريا-دەريا توكۈلەر،
مەن غېرىپنىڭ ياشلىرى.

سەن ئامىنەم بولساڭچۇ،
جان ئامىنەم بولساڭچۇ.

مۇشۇ تاپتا قولۇمغا،
قۇرغۇي بولۇپ قونساڭچۇ.

ئاۋات بەرسەم يەسەڭچۇ،
شېكەر بەرسەم يەسەڭچۇ.
كېلىپ ئايدەك ئالدىمغا،
جېنىم ئانا، دېسەڭچۇ.

ئاۋازىڭنىڭ زىللىغى،
ئاشۇ... قىزغا ئوخشايتتى.
سايە تاشلاپ كىرپىكىڭ،
ساڭا ھوسۇن قوشاتتى.

لەۋلىرىڭدىن گەپ ئەمەس،
ھەسەل، قىيام تاماتتى.
يىغلىساڭمۇ ئامىنەم،
قۇلىقىمغا ياقاتتى.

ئانا بولدۇم دەپتىمەن،
پانا بولدۇم دەپتىمەن.
ئوز ئانامنىڭ ئېتىنى،
ساڭا قويدۇم دەپتىمەن.

كورسەڭلار خالايىقلار،
چىرايىمنىڭ قېنى يوق.



AltunOq

مېنىڭ ئەسلى بىلسەڭلار،
يۈرىگىمنىڭ تېگى يوق.

ئاھلىرىما-ئاھلىرىم،
سىغماس مېنىڭ ئالەمگە.
سوزلىمەيمەن دەردىمنى،
دەرت كورمىگەن ئادەمگە.

مەن دەردىمنى سوزلىسەم،
دەردى بارنىڭ ھالى يوق.
سوزلىمەيمەن جان دوستلار،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

# خالىدەم

(داستان)

خالىدەم ئوزى،
بەك لېۋەن ئۆزى،
جانغا جان قوشار،
مۇلايىم سوزى.

چوخچا ئەمەسمۇ،
تۇغۇلغان يېرى.
مەن كويۇپ قالغان،
ئۇزۇندىن بېرى.

دادۇي ئالدىدا
بىر گەپ دېيىشكەن،
ۋەدە قىلىشىپ
هو نان يېيىشكەن.

كورگەنلەر بىزنى
ماس كەپتۇ دېگەن.

راخمانغا ئامەت
راست كەپتۇ دىگەن.

مەن راۋاپ چالسام،
خالىدەم ... ئويناپ.
خوشال ئوتكەن بىز،
يەر - جاھان قوللاپ.

ئىككى ياز ئوتتى،
ئويناپ تويمىدۇق.
تويمىز قاچان،
ئويلاپ قويمىدۇق.

تويني قىلىڭلار
دىدى كورگەنلەر.
لېۋىنى چىشلەپ
قالسۇن كۆلگەنلەر.

ۋەدىمىز - ۋەدە،
بولغان ئەمەسمۇ؟
خالىدەم ھوسنى،
تولغان ئەمەسمۇ.

گۆڭشىغا بارساق،
جاڭزا بەرمىگەن.

ئالتە كادىرغا،
ئىنساپ بەرمىگەن.

بىزنى ئەسلىدە،
ئۇلار بىلمىگەن.
گەپ قىلاي دىسەك،
يۈز كېلەلمىگەن.

ۋاي - ۋاي خالىدەم،
ئاللا بوستان چاچ.
ئىككىمىز تەڭلا،
قالغان نائىلاج.

بۈگۈن ئولتۇرسام،
مەتقۇۋان كەلدى.
كۈتمىگەن يەردىن،
شۇم خەۋەر بەردى:

„خالىدەم قىزنىڭ
تويى بولغۇدەك.
سەندىن باشقىنىڭ
گۈلى بولغۇدەك.“

دىدى مەتقۇۋان،
قەلبىمنى داغلاپ.

مەن بىھوش بولدۇم،
بۇ گەپنى ئاڭلاپ.

ئاللا خالىدەم،
نىم بولدى ساڭا؟
بۇنچە ئېغىر دەرت،
قىلغۇدەك ماڭا.

يېنىۋالدىڭمۇ
قىلغان ۋەدەڭدىن.
ئولتۇرۇپ قالدىم،
قايغۇ – ئەلەمدىن.

مەنمۇ خالىدەم
تويلۇق ئالاتتىم.
ئالدىڭغا سېنىڭ
ئوبدان باراتتىم.

سارجا ئالمىسام،
تاۋار ئالاتتىم.
تاۋار ئالمىسام،
دۇردۇن ئالاتتىم.

شىپىڭ ئالمىسام،
سوكنۇ ئالاتتىم.



AltunOq

ياكى بولمىسا،
كاجى ئالاتتىم.

لېكىن تويۇمدا
راۋاپ چالاتتىم.
مېھمانلىرىڭنىڭ
كوڭلىنى ئالاتتىم.

سەن پەرىشتىدەك
تۇرساڭ ئالدىمدا.
مىڭ جان قوشاتتىڭ،
مېنىڭ جېنىمغا.

سېنى بىر كىشى،
زورلاپ كەتتىمۇ؟
ھەندىن دىلىڭغا،
ئازار يەتتىمۇ؟

ئاتا ۋە ئاناڭ،
پۇل دەپ ساتتىمۇ؟
تاشنى تاياققا،
ئالداپ چاتتىمۇ؟

ئويلاپ ئولتۇرسام،
بىر قارا كەلدى.

„راخمان قوپ!“ دېگەن
بىر سادا كەلدى.

ئاچتىم كۆزۈمنى،
ئاتتىم ئۆزۈمنى.
ئاڭلىغۇم كەلدى،
شېرىن سۆزۈڭنى.

تۇرسەن ئالدىمدا،
تولغان ئاي بولۇپ.
تۇتتۇڭ قولۇمدىن،
خوش چىراي بولۇپ.

باغرىمغا تېڭىپ
سۆيدۈم لېۋىڭدىن.
چىقتى لاۋۇلداپ،
بىر ئوت تېنىمدىن.

يۈرىگىم ئېرىپ،
سۇ بولۇپ ئاقتى.
بۇلبۇللار بىزنى،
قوشاققا قاتتى.

بۇلۇتلار تاراپ،
سۈزۈلدى هاۋا.

جاھانغا تولدى،
نەغمە ۋە ناۋا.

ئىككىمىز بىللە،
چىقتۇق ئاسمانغا.
ئايدا ئولتۇردۇق،
ئەلۋەك داسقاندا.

پەرىزات قىزلار،
خىزمەت قىلىشتى.
بىزنى تەبرىكلەپ،
سالام بېرىشتى.

مالائىكىلەر
يول بولسۇن دېدى.
باسقان ئىزىڭلار،
گۈل بولسۇن دېدى.

قاغا - قۇزغۇنلار،
قاراپ قېلىشتى.
قۇرۇق لېۋىنى،
يالاپ قېلىشتى.

ئوتتۇق بىز كېچىپ،
نۇر دەرياسىدىن.

قىزدىم گۈل دەستە،
گۈل بەرناسىدىن.

تۇتتۇم مەن ساڭا،
ئالدىڭ قولۇمدىن.
نۇر جۇلا قىلدى،
ئوڭ ۋە سولۇڭدىن.

كەڭ ئاسمان راسلاپ،
گۈلدىن پايانداز.
دىدى: „مەرھابا،
بۇ سىلەرگە ئاز.“

بىردىن قاپلىدى،
ئالەمنى بوران.
كۈننىڭ نۇرىنى،
توستى چاڭ - توزان.

ئالەم پىقىراپ،
بوران چىقىراپ.
كەلدى ئالۋاستى،
جىنلار غىقىراپ.

ئۇلار يۈزىگە،
بىر نىقاپ ئالغان،

بىر قاراپ ئادەم،
بىر قاراپ ھايۋان.

بىر قاراپ بىزگە،
قورقۇنچ سالغان.
بىز قاراپ كورسەك،
كۆلكىسى يالغان.

كەلدى بىر دىۋە،
بىزگە ئۆدۈللاپ.
ئالدىم مەن سېنى،
مەھكەم قۇچاقلاپ.

ئولسەك بىز بىللە،
ئولەيلى دىدۇق.
بۇنداق زۇلمەتنى
كورمەيلى دىدۇق.

شۇ چاغ ئاسماندىن
چۈشتى بىر چاقماق.
دىۋە دات سېلىپ،
چۈشتى تىك موللاق.

قارنى يېرىلىپ،
چىقتى ھەم جىنى.



AltunOq

مۇز بولۇپ قاتتى،
بىر پەستە تېنى.

قېرى ئالۋاستى
كەلدى بىر ياندىن.
تىلەتتى سوغاق،
مەن ھەيران قالدىم.

سوزۇپ قولىنى
ماڭا يېپىشتى.
بىلەلمىدىم مەن
نەگە قېچىشتى.

خالىدەم ماڭا
ئۇزەڭنى ئاتتىڭ.
مېنى قوغداشتا،
كوپ جاپا تارتتىڭ.

ئېلىشتۇق ئۇزاق
ئالۋاستى بىلەن.
ئۇچ قېتىم بىھوش
بولدۇق دەممۇ - دەم.

......................

كەلدىم بىر چاغدا،
ئاستا ئېسىمگە.

يېقىنلاپ قاپتۇ
كۈنمۇ پېشىنگە.

سەن يوق خالىدەم،
كوزۇمنى ئاچسام.
دۇنيا سىلكىندى،
يىغلاپ „ھۇ ....“ تارتسام.

تۇتقىنىم بىر تۇپ
كوك يانتاق ئىكەن.
ياتقىنىم ئازگال،
لاي - پاتقاق ئىكەن.

سويدۇم دېگىنىم،
قارا يەر ئىكەن.
نىمە دەر ئىدىڭ،
ھالىمنى كورسەڭ.

قوللىرىم يارا،
يۈرىگىم ئاندىن.
مەن جۇدا بولدۇم
گويا بۇ جاندىن.

ئويۇمگە باردىم،
ئالدىم راۋاپنى.

كورسۇن خالايىق،
باغرى كاۋاپنى.

خاخشامنى ئېيتىپ،
چوڭ يولغا چىقتىم.
توكۇپ مۇڭۇمنى
تاشنى ئېرىتتىم.

ئاڭلىدى ئالەم،
مەن چالسام راۋاپ.
ۋاي - ۋاي خالىدەم،
ئاڭلىساڭ ساۋاپ.

مەن باغرى كاۋاپ،
بولدۇم كوپ خاراپ.
بەزىلەر كۇلدى
ئەپتىمگە قاراپ.

ئاڭلا خالىدەم،
قەدرىڭ ئۇتۇلدى.
دەردىڭدە مېنىڭ
قەددىم پۇكۇلدى.

سېنى كورمىسەم
خالىدەم ئەگەر.

ئاش ـ نان ئورنىغا،
يىمەمدىم زەھەر.

يۈرەك قىتىمىدىن،
كويگەن مەن ساڭا.
قىلغان جىنىمنى،
بىر ساڭا پىدا.

خالايىق كورسۇن،
ئەمدى بىر مىنى.
مەن ئومرۇم بويى،
ئويلايمەن سىنى.

بىزنى قوشمىغان،
قىسمەت ئەمەسمۇ؟
ماڭا چۇشكەن بۇ،
كۇلپەت ئەمەسمۇ.

ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ،
ئولگىنى بارمۇ؟
يىتىپ مەقسەتكە،
كۇلگىنى بارمۇ؟

لەيلى ۋە مەجنۇن،
پەرھات ھەم شىرىن.

تېپىشقان ئىكەن،
ئولگەندىن كېيىن.

تاھىر ۋە زوھرە،
گۈلى - سەنۇبەر.
يار دەپ كوپ جاپا،
چەككەن شۇ قەدەر.

رابىيە - سەيدىن،
غېرىپ ۋە سەنەم.
ئوتكەن دۇنيادىن،
دەرت - ئەلەم بىلەن.

ۋامۇق ھەم ئۇزرا،
يۇسۇپ - زۇلەيخا.
بىر كېلىپ كەتتى،
كەلمەس دۇنياغا.

سەددى ئىسكەندەر،
دولىتى بارمۇ؟
قېنى ئۇ، جەمشىت،
قۇدرىتى بارمۇ؟

خالىدەم ئوزەك،
ئويلاپ بىر قارا.


Altun Oq

قىلمىغىن ئۇنداق،
قەلبىمنى يارا.

* * *

بۈگۈن يەكشەنبە،
بازارغا باردىم.
ئولتۇرۇپ غەمدە
مەن راۋاپ چالدىم.

بىر كالتە بازار،
كاتايلاق ئوزى.
ھەممىنىڭ مەندە
ھەيرانە كوزى.

يوقمىدۇ ماڭا،
قىلغۇدەك سوزى.
كۆلكىدىن يىراق،
بەك سولغۇن يۈزى.

ئىچى ئاغرىغان،
تەتۈر قارايدۇ.
بىلدىم غايىپ ئوت
تەنگە تارايدۇ.

كوزلىرىدىن ياش
ئاقار بولدۇقلاپ.
گەپ قىلار ماڭا،
ئاستا دۇدۇقلاپ:

— ئەي ئاشىق بالا،
ھالىڭنى ئېيتقىن.
— چىرايىمنى سەن
بىر كوروۇپ كەتكىن.

— ئېيتساڭ ئاغزىڭدىن،
يالقۇن چىقىدۇ؟
— نە، يالقۇن ئىكەن،
ئالتۇن چىقىدۇ.

— نامۇ - ئەھۋالىڭ،
تونۇشلۇق بىزگە.
— مېھرىۋان يولداش،
مىڭ رەھمەت سىزگە.

— ساڭا كىم شۇنچە،
قىلغاندۇ ئۇۋال؟
— ئېيتسام، ئوشۇقچە،
ماڭا بۇ سوئال.

دىسەم ھەممىنىڭ،
كۆڭلى بۇزۇلدى.
يۈرەك تارىغا،
زەخمەك ئۇرۇلدى.

ئېيتتىم ناخشامنى،
تۆكتۈم يېشىمنى.
ئېگىپ مۇڭلاندىم،
مىسكىن بېشىمنى.

دادۇيجاڭ كېلىپ،
قولۇمنى تۇتتى.
خۇش خەۋەر ئېيتىپ،
كۆڭلۈمنى ئۇتتى:

— خالىسەم تويغا،
ماقۇل دېمىدى.
تويلۇق كېيىمنى،
ئاتتى - كېيىمدى.

ئانىسى ئۇرۇپ،
دادىسى تىللاپ.
ئۆزىگە ئۆزى،
ئۆلۈمنى چىللاپ.

تەن بەردى ئاخىر،
ئوز مەيلى دىدى.
يۇرتىنىڭ ھەممىسى،
غېمىڭنى يىدى.

سېنى مەن ئىزلەپ،
كەلدىم ھال سوراپ.
خالىدەم سەرسان،
كوپ ئىزلەپ ــ سوراپ.

ھىچ بىر كىشىگە،
قاردىمايدۇ ئۇ.
سۇمبۇل چېچىنى،
تاردىمايدۇ ئۇ.

ئوتمەيدۇ ئۇنىڭ،
گېلىدىن غىزا.
زورلاپ بەزىلەر،
تارتىشتى ئىزا.

خالىدەم بۇگۇن،
ئويۇڭدە قالدى.
ئاتا ۋە ئاناڭ،
باغرىغا ئالدى.

تۈي بولۇپ گويا،
كۆلدى مەھەللەڭ.
مۆڭلانماي ئەمدى،
ماڭغىن مەن بىلەن.

دادۇيجاڭ گېپى،
كوڭلۇمگە ياقتى.
شاپ بۇرۇتىغا،
كوز يېشى ئاقتى.

تۇردۇم ئورنۇمدىن،
خوشلۇغۇم تاشتى.
سۇلار شاقىراپ،
ئەر كىلەپ ئاقتى.

يۇردىگىم ئېرىپ،
سۇ بولۇپ ئاقتى.
قوينىمنى هايات،
ماڭا كەڭ ئاچتى.

دەل - دەرەخ خوشال،
ئويندى ئۇسۇل.
ئويۇمگە قاراپ،
ماڭدىم مەن ئۇدۇل.

ماڭدىم ئالدىراپ،
مەن ئۆيگە قاراپ.
ئۇچتۇم مەن گويا،
چىققاندەك قانات.

ئېرىقتىن ئاتلاپ،
زەيكەشتىن تاقلاپ.
دىدىم خالىدەم،
قالمىسۇن ساقلاپ.

كۈلۈپ كەڭ دالا،
يول بولسۇن دىدى.
باسقان ئىزىڭلار،
گۈل بولسۇن دىدى.

جىگدە، تـوغراقلار،
سالام بېرىشتى.
چاۋاك چېلىشىپ
مەدەت بېرىشتى.

قۇياش تەپتىنى،
ئايىماي ماڭا.
دىدى ئىسسىغىم،
كۈچ بولسۇن ساڭا.

شاماللار كېلىپ،
يەلپۈپ يۈزۈمنى.
دېدى: «خوش چىراي،
كوردۇم يۈزۈڭنى.»

مولدۇرلەپ بۇلاق،
«توختاپ ماڭ!» دېدى.
«ئۇسسىغان بولساڭ،
قېنىپ ماڭ» دېدى.

قوغۇنلۇقلاردا،
كوكچى يېرىلىپ.
مەرھابا يىگىت،
دېدى ئېگىلىپ.

«ناۋات تەممىدىن،
هوزۇرلان!» دېدى.
«يىسەڭ مەن ساڭا،
كۈچ-دەرمان!» دېدى.

ماڭدىم ئالدىراپ،
ئويۇمغە قاراپ.
قالمىسۇن دېدىم،
خالىدەم ساقلاپ.

مەھەللەم مېنىڭ،
يىراقلاشقاندەك.
گويا مەن يولدىن،
ھەم ئاداشقاندەك.

تۈگىمەيدۇ يول،
ماڭسام - ماڭسامەن.
شۇنچە ئالدىراپ،
قەدەم ئالسامەن.

قۇمۇچۇق سايراپ:
«چاپسان ماڭ» دەيدۇ.
بوز تورغاي «ھارماڭ
راخمانجان!» دەيدۇ.

ئۇزەمدىن بۇرۇن،
يۈرىگىم كەتتى.
بەلكىم ئۇنۇتتى،
ئۇ ھەممە دەرتنى.

ۋاي - ۋاي خالىدەم،
چىققىن ئالدىمغا.
بار ئىككەنمەنغۇ،
ھەنمۇ يادىڭدا.

قۇرغۇيۇڭ بولاي،
بۇلبۇلۇڭ بولاي.
مىنسەڭ چاپتۇرۇپ،
دۇلدۇلۇڭ بولاي.

دىدىم ئالدىراپ،
يۇرتۇمغا قاراپ.
خالىدەم مېنى،
قالمىسۇن ساقلاپ.

كەلسەم ئىشىك ئالدى،
بايرام بولۇپتۇ.
ئادەملەر توپى،
قاينام بولۇپتۇ.

ئانام ئالدىمغا ،
ئېتىلىپ كەلدى.
كۇلكەمگە يىغام،
قېتىلىپ كەلدى.

ئانام ئالدىراپ:
— سۇيۇنچە؟ دىدى،
كوزۇمگە جەننەت،
كورۇندى خۇددى.

دادامنىڭ ئاغزى،
گەپكە كەلمىدى.
كوزلىرى نۇرلىنىپ:
— ئوغلۇم كەل! دىدى.

يۇرتداشلىرىمنىڭ
ئاغزىغا قاراپ.
«مىڭ رەھمەت!» دىدىم،
تەنلىرىم يايراپ.

شۇ چاغ ئويۇمدىن،
ئاي چىقتى كۇلۇپ.
يەر - جاھان كۇلدى،
نۇرىغا چومۇپ.

خالىدەم يەنە،
كوردۇم مەن سىنى.
كوردۇم باشقىدىن،
كويدۇردۇڭ مىنى:

— كەل مىھرىۋانىم،
ئارامى جانىم.
كەل - كەل سەن بىلەن،
ھاسىل مۇرادىم.

كەل قەدىردانىم،
كەل مېھرىۋانىم.
كەل تولۇنئايىم،
يايرىدى جانىم.

كەل دىلئارامىم،
كەل گۈلئۈزارىم.
كەل بۈگۈن كۈلدى،
بۇ خەستە جانىم.

كەل سۆيەر يارىم،
كەل ۋاپادارىم.
كەل ـ كەل باغرىمغا،
كەل مېنىڭ يارىم.

دىددىم توكۈلدى،
خوشاللىق يېشىم.
گويا ئاسمانغا،
تاقاشتى بېشىم.

قولۇمدا يەنە،
سايرىدى راۋاپ.
ناخشامنى ئېيتتىم،
بۇلبۇلدەك سايراپ.

ناخشامغا مېنىڭ،
يۈرتۈم قېتىلدى.
ئىشقىم فونتاندەك،
كوككە ئېتىلدى.

تېپىلدى مېنىڭ،
دەردىمگە داۋا.
تېپىلدى مېنىڭ،
رەنجىمگە شىپا.

«خالىدەم كەلدى،
ئاۋۇلا خالايىق!»
دىسەم ئاۋازىم،
چىقتى چىرايلىق.

خالىدەم كۈلۈپ،
قىزىرىپ كەتتىڭ.
مەن ھوزۇرلىنىپ،
ئارمانغا يەتتىم.

ئېيتاي ئەمدى مەن،
يېڭى ناخشامنى.
قەلبىمنى ئىزھار،
قىلغان داستاننى.

ۋاي - ۋاي خالىدەم،
ئاللا بوستان چاچ.

**维吾尔民歌选（四）**　（维吾尔文）

赛来·哈斯木搜集整理

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　哈密地区印刷厂印刷
787×1092毫米32开本　3.875印张
1983年1月第1版　1983年3月第1次印刷
印数：1——16,000

统一书号：M10098·733　　定价：0.22元